ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىش يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

## —— ئاپتونوم رايونىمىز «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى

□ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات، شيا چىڭ

«مەن كۆيىمەن بىلەن پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىنى سۆزلەپ بېرەي، پارتىيەنىڭ بىزگە بەختلىك تۇرمۇش بەرگەنلىكىگە رەھمەت...» 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئۆگەن يېزىسى قاراقۇم كەنت ئاھالە كومىتېتىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، سەككىز پۇقرا تەشۋىقاتچى نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چىقىپ، كۆيىمەن، ناخشا قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەنتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى، پۇقرالارنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى تەسىرلىك بايان قىلىۋاتاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرى، ئېتىز - ئېرىق باشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە يەتكۈزدى... ھەربىر مەيدان تەشۋىقات كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەممە ئادەم پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

### مۇۋەپپەقىيەتلەرنى سۆزلەش ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەش
### ھەممە ئادەم تەشۋىقاتچى

بۇ نەچچە كۈندە، جىڭ ناھىيەلىك ئاخبارات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، تەشۋىقاتچى يې خۇڭمېي ئۇدا بەش مەيدان تەشۋىقات لېكسىيەسى سۆزلىدى، ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ، ئاڭلاپ قانمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، ئۆزگىرىشلەرنى ياخشى سۆزلەش ئۈچۈن، ناھىيە ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامنى قاپلىغان تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى قۇردى».

«شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» پۇقرالار تەشۋىقاتىنى تۇتقا قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ يۈرۈشۈش سىستېمىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تەشۋىقات خىزمىتى تورىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، «رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن سۆزلەش، كەسپىي خادىملار ئۈلگە كۆرسىتىپ سۆزلەش، ساھە ۋەكىللىرى قاپلاپ سۆزلەش، تىپىك نەمۇنىچىلار يېتەكلەپ سۆزلەش، پۇقرا قابىللار ئۆزگىچە سۆزلەش»تەك جانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇڭشەن ساداسى» تەشۋىقات ئۆمىكىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئىستېرېئولۇق، كۆپ قاتلاملىق، تولۇق قاپلىغان تەشۋىقات چوڭ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. «خۇڭشەن ساداسى» تەشۋىقات ئۆمىكى قارىمىقىدا ئۆزگىچە تەشۋىقات ئەترىتىدىن 300دىن ئارتۇقى تەسىس قىلىندى، ئۇلاردا تايانچ تەشۋىقاتچىدىن 120سى، نەزەرىيە مۇتەخەسسىس تەشۋىقاتچىدىن 123ى، رەھبىرىي كادىر تەشۋىقاتچىدىن 2449ى، چولپان پۇقرا تەشۋىقاتچىدىن 1417سى، ئاساسىي قاتلام ئاممىسى تەشۋىقات تايانچىسىدىن 15 مىڭدىن ئارتۇقى بار.

ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۈلگە كۆرسىتىپ باشلامچى بولۇش، باشقا رەھبەرلەر باشلامچى بولۇپ سۆزلەش، تەشۋىقات ئۆمىكى ئۈلگە كۆرسىتىپ سۆزلەش، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئائىلىلەرگە كىرىپ سۆزلەش، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كىچىك دائىرىدە تەشۋىق قىلىش، پۇقرا تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى ھەمتۈرتكە بولۇپ سۆزلەش، تور بازىرىدا ھەر ۋاقىت سۆزلەش، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ بويىچە تۈرگە ئايرىپ سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پائالىيەتنى ئورگانلارغا كىرگۈزۈش، يېزىلارغا كىرگۈزۈش، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرگۈزۈش، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، كارخانا (كان رايونى، زاۋۇت)لارغا كىرگۈزۈش، ھەربىي گازارمىلارغا كىرگۈزۈش، تور بېكەتلىرىگە كىرگۈزۈشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لېكتورلار ئۆمىكى بىلەن شىنجاڭ تەشۋىقات كادىرلىرى شۆيۈەنى 2019 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ، بىرلىكتە ئۈچ قارار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر ۋە يېزا - بازارلاردىكى 360 تايانچ تەشۋىقاتچىنى مەركەزلىك تەربىيەلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ «ئىستېرېئولۇق ساداسى»نى شەكىللەندۈردى. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پۇقرالار تەشۋىقات پائالىيىتى جەمئىي 170 مىڭ مەيدان قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، 17 مىليون 130 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم ئامما تەربىيەلەندى.

### قىيىن نۇقتىنى ھەل قىلىش قىزىق نۇقتىنى تۇتۇش
### باھار شامىلى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىش

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى يار بازىرى يار كەنتىدىكى ئەنۋەر غوجىنىڭ ئائىلىسىگە كىرگىنىمىزدە، گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى، ئۈزۈم بارىكى ئاستىدا، تەشۋىقاتچى ھەبىبخان جاپپار ئەنۋەرگە «بىرگە بىر» تەشۋىق قىلىۋاتاتتى. «بۇ يىل 20 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ھۆل ئۈزۈم ساتتىڭىز، چۈنچىدە يەنە 30 نەچچە مىڭ يۈەنلىك قۇرۇق ئۈزۈمىڭىز بار، شۇڭا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت ئېيتىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىڭىز ناھايىتى ياخشى، ئۆزىڭىز ئەمگەك بىلەن بېيىپلا قالماي، يەنە يۇرتداشلارنى باشلاپ بىرلىكتە ئىشلىشىڭىز كېرەك».

ئەنۋەر بىر تەرەپتىن ئاڭلىغاچ، بىر تەرەپتىن بېشىنى لىڭشىتىپ، مۇنداق دېدى: «ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭىز، مېنى بەكمۇ ئىلھاملاندۇردىڭىز، تۇرمۇشۇمنى خۇددى ئۈزۈمگە ئوخشاش تاتلىق ھېس قىلدۇردىڭىز».

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نەزەر سالساق، ھەبىبخانغا ئوخشاش تەشۋىقات ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئاددىي تىل، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلەر ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى.

تۇرپان شەھىرى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسى، ئاممىۋى خىزمەت «سىنلىق چوڭ تەشۋىقات»نىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئاممىغا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرى، پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى.

خوتەن ۋىلايىتى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەممە چۈشىنەلەيدىغان زاغرا تىل ئارقىلىق كۆپ خىل شەكىلدە تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېزا - كەنتلەرگە چوڭقۇر يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈردى.

«پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ياخشى سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز قالاق ئىدىيە - قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتتۇق، ھەممەيلەن تىرىشىپ ياخشى كۈن كەچۈرۈشنى ئويلايمىز» دېدى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى تەشۋىقاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاراقاش ناھىيەسى پۇرچاقچى يېزىسى كاسا شاخلىق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى جۇمەنىيازخان مەخمۇت ھاياجانلانغان ھالدا.

### كۆپ خىل شەكىل كىچىك پاراڭ تېمىسى
### «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرۇش

باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاممىباپلاشتۇرۇش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش، ھەمتۈرتكىلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، «رەقەم شەكلى» «تاماق تەزىمىكى شەكلى» «سېلىشتۇرۇش شەكلى» «سوئال - جاۋاب شەكلى» قاتارلىق ئاممىياقتۇرىدىغان تەشۋىقات شەكىللىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ھەمدە پارتىيەنىڭ لۇشيەنى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ئاممىغا ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، ئاڭلاپ ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان سۆزلەرگە ئايلاندۇردى.

ھەرقايسى جايلار تەشۋىقات جەريانىدا مۇزىكا، كۆيىمەن، ئېيتىت قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈپ، «تەشۋىقات+» شەكلىنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشۋىقاتنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەشۋىقاتنى ئامما ئاڭلاشنى خالايدىغان، ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، ئەستە تۇتالايدىغان قىلدى؛ «مىكرو تەشۋىقات»نى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كىچىك پاراڭ تېمىسى ئارقىلىق چوڭ باش تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىچىك ھېكايە ئارقىلىق چوڭ داۋلىنى شەرھلەپ، كىچىك كېسىك ئېغىزى ئارقىلىق چوڭ مەسىلىنى ئانالىز قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ھەمدە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئاساسىي قاتلامدا چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولدى.

توقسۇ ناھىيەسى ھېساب - كىتاب قىلىپ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ تەربىيە قىلىش ئۇسۇلى، تۈرگە ئايرىپ تەشۋىق - تەربىيە قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق «يەتتە تۈرلۈك تەشۋىق - تەربىيە ئۇسۇلى» ئارقىلىق، شەكلى ھەر خىل، پۇقرالارغا ماس كېلىدىغان، قاراتمىلىقى ئىگە تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى.

«ھازىر، بىز ھەممە ئائىلە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز، ياخشى ئوزۇقلىنىۋاتىمىز، تۇرالغۇ شارائىتىمىز ياخشى، كېسەل كۆرسىتىشتىن غەم قىلمايمىز، بۇنىڭ ھەممىسىنى كوممۇنىستىك پارتىيە بەرگەن. بىز قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىمىز، باش شۇجى شى جىنپىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز. بىز مەڭگۈ پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز!» دېدى توقسۇ ناھىيەسى ئۆگەن يېزىسى قاراقۇم كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى رىزۋانەم نىياز تەشۋىقاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يېزا - كەنتلەردىكى چوڭ كاناي، كوچىمۇ كىچىك كانايلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيەنىڭ «ياخشى ساداسى»نى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇردى.

سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى لىن چۈنيەن مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ پۇقرالار تەشۋىقات ئەترەتلىرىمىز كارخانا، مەكتەپ، يېزا - كەنت، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كىچىك ئىشلار ئارقىلىق چوڭ قائىدىنى سۆزلەپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، تۈرگە ئايرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەل بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بىز ئۇزاقچە چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشتۇرۇلغان، تۈزۈملەشتۈرۈلگەن تەشۋىقات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز».

---

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# 1966 - يىلى: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق باشلاندى

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

1966 - يىلى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادنى تەڭشەش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 3 - بەش يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بەردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى يولداش ماۋ زېدۇڭ قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ بۇ «زور ئىنقىلاب»نى قوزغاشتىكى چىقىش نۇقتىسى كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى قوغداش ۋە جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ شۇ چاغدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى خاتا مۆلچەرى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىگە يەتكەنىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن تارتىپ 1969 - يىلى 4 - ئايدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 9 - قۇرۇلتىيىغىچە، 9 - قۇرۇلتايدىن 1973 - يىلى 8 - ئايدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 10 - قۇرۇلتىيىغىچە، 10 - قۇرۇلتايدىن 1976 - يىلى 10 - ئايدا ئاخىرلاشقۇچە بولغان مۇشۇنداق ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيى لىن بياۋ، جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ مەركەزدىكى ئورنىنى كۈچەيتكەنلىكتىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خاتا نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى قانۇنلاشتى. 1971 - يىلى 9 - ئايدا لىن بياۋ ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 10 - قۇرۇلتىيىدا يەنىلا 9 - قۇرۇلتاينىڭ «سولچىل» خاتالىقى داۋاملاشتى ھەم جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىچىلار گۇرۇھىنىڭ كۈچى يەنىمۇ كۈچەيدى. 1976 - يىلى 9 - ئايدا ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن، ۋاڭ خۇڭۋېن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئاپەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرقانداق مەنىدىكى ئىنقىلاب ياكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەس ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ «سولچىل» خاتالىققا ۋە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا قارشى كۈرەشى گەرچە جاپالىق، ئەگرى - توقاي بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىل توختاپ قالمىدى. مۇشۇ ئون يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە يەنىلا ئىلگىرىلەش بولدى، تاشقى خىزمەتتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. لېكىن، ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولمىسا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولاتتى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى)

---

# شادلىق ناخشىسى ياڭرىتىلىپ دۆلەت بايرىمى تەبرىكلەندى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلۈپ ۋەتەنگە مەدھىيە ئوقۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئالتۇن كۈز ئۆكتەبىردە سۇمۇرغ ئۇۋۇسىغا قايتىدۇ، تاغلار شادلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، سۇلار خۇشال كۈلىدۇ؛ ھەر مىللەت خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، ئىناق يېڭى يېزىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىدۇ...» 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسى دافېڭ بازىرى خۇڭلىيۇتاڭ كەنتىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىدە، 61 ياشقا كىرگەن مەدەنىيەت - سەنئەت ماھىرى لى لىيەنشيۇ مۇشۇ كەنتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن قويۇش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىللە، ئۆزى ئىجاد قىلغان «دافېڭ بازىرىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر» ناملىق رەپ ئېيتىش نومۇرىنى ئورۇنلىدى. لى لىيەنشيۇ مۇنداق دېدى: «مەن پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى، كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە دېھقانلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى توپلاپ، رەپ ئېيتىش نومۇرى قىلىپ تەييارلاپ، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا قىلدىم».

### ■ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش سۆز قالدۇرۇش ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەندە، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسى ئۈستۈنكى ئايكۆل كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى بەس - بەستە «مىننەتدارلىق دەرىخى» ئاستىدا دۆلەت بايرىقى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئەينى يىلى، كەنت ئاھالىلىرى پارتىيەگە، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆت تۈپ ئاق تېرەك تىكىپ «مىننەتدارلىق دەرىخى» دەپ ئاتىغانىدى، ھازىر بۇ كۆچەتلەر كۆككە تاقاشقان چوڭ دەرەخلەرگە ئايلاندى.

«پۈتۈن خەلق بىردەك تەنتەنە قىلىۋاتقان بۇ كۈندە، كۆپچىلىكنىڭ ‹مىننەتدارلىق دەرىخى› ئاستىدا دۆلەت بايرىقى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشى ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىگە، بۇ سۈرەتنى چوقۇم ئەتىۋارلاپ ساقلاش كېرەك» دېدى كەنتتىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى پاتەم ئىبراھىم دۆلەت بايرىقىنى ھاياجان بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئۈستۈنكى ئايكۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ شىن مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى خاتىرە سۈرەتنى خىزمەت ئەترىتى يۇيۇپ چىقىرىپ رامكىغا ئېلىپ، ئاندىن ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىمىز، كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن بىللە چۈشكەن خاتىرە سۈرىتىنى كۆرسە، مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىشەنچى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ».

تۇرپان ياللۇنتاغ مەنزىرە رايونىدىكى بىر «سۆز قالدۇرۇش تېمى» ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى، مەنزىرە رايونىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى پائالىيەت نەق مەيدانىدا ساياھەتچىلەرگە ئىمزا قەلىمى تارقىتىپ بەردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بەس - بەستە قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، تامغا ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان گۈزەل تىلەكلىرىنى يازدى. جياڭسۇلۇق ساياھەتچى جياڭ شىن بالىسىنىڭ سۆز قالدۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشىنى يان تېلېفونى بىلەن سۈرەتكە تارتىۋالدى. «بۇ ئەڭ جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە دەرسى، بالام بۈگۈنكى كۈننى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ، ئۇ بۇ يەرگە ۋەتەنگە بولغان سەممىي تىلىكىنى قالدۇردى».

### ■ چۆپ ئاش يېيىش لېكسىيە سۆزلەش ۋەتەنگە بەخت تىلەش

تەخسە - تەخسە لەڭمەن، قاچا - قاچا كالا گۆشى ئۆگرىسى... 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ئوتتۇرا ئاسىيا جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ خەيبىن مەھەللىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، رايون قارىمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر ھەمدە ھەر مىللەت ئاھالىسىدىن بولۇپ 280دىن ئارتۇق كىشى خۇشال جەم بولۇپ، چۆپ ئاش يەپ ۋەتەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى.

ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينالدى، يەنە ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق چۆپ ئاش يېيىلدى، كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ چۆرىدەپ ئولتۇردى، بۇ، ئىللىقلىق، ئىناقلىققا تولغان كۆرۈنۈش. «مەن مەھەللە ئاھالىسى، شۇنداقلا پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى. 70 يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، ئىلگىرى ئاق ئۇن يېيىش بىر خىل بەخت ھېسابلىناتتى، ھازىر ھەر خىل ئۇن تائاملىرى بار، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى.» سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەھەللىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى سەي يۈڭفۇنىڭ چىرايىدا بەخت جىلۋىلەندى، «تۇغۇلغان كۈندە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەش چۆپى يەيمىز، بۈگۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، بىز ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەش چۆپى يەپ ۋەتىنىمىزگە بەخت تىلىدۇق».

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يېڭىسار ناھىيەسى ماڭشىن بازىرى ئارايارېشى كەنتىدىكى كادىرلار، ئامما «مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن تېمىدىكى لېكسىيەنى بىرلىكتە ئاڭلاپ، تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى ھېس قىلىپ، ئۇلۇغ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇلۇغ ۋەتەنگە بەخت تىلىدى. كەنت ئاھالىسى ئەلانۇر يۈسۈپ مۇنداق دېدى: «ۋەتىنىمىزنىڭ ئىللىق قوينىدا، ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىپ يۈرۈۋاتىمىز، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بىز ئەمن ئۆيدە ئولتۇرىمىز، داۋالىنىشىمىز كاپالەتكە ئىگە، باللىرىمىز مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇيدۇ، بىز ئىنتايىن بەختلىك، ئىنتايىن رازى، چىن قەلبىمىزدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز».

(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، گې يۈۋجۈن، خەن چىنيەن، جاڭ تىڭ، جاڭ جىلى، جاڭ رۇيلىن، سۈڭ ياۋبىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز شۇ چېڭشيۇ، ياڭ يىڭيۈ يازغان)